## 34561 ـ قەبرىستان ئەھلىگە قانداق سالام قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

قەبرىستانلىقتا كىرگەندە دېيىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى قايسى؟، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلارغا دېيىلىدىغان ھۆرمەت سۆزىنىڭ پەرقى بارمۇ؟. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەي ئاللاھنىڭ روسۇلى! دېسەك، قەبرىستانلىقتا كىرگەندە: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەي قەبرىستان ئەھلى! دېسەك توغرا بولامدۇ ياكى بۇ شېرىك بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قەبرە زىيارەت قىلىش ئەرلەر ئۈچۈن مۇستەھەبتۇر، بۇ توغرىدا بۇرەيدە بىن ھەسىيب رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى قەبرە زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگەن ئىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلىڭلار». [مۇسلىم رىۋايىتى977 ـ ھەدىس].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ھەقىقەتەن قەبرە زىيارەت قىلىش سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ». [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى1240- ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى1569-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن.]

قەبرە زىيارەت قىلغاندا قەبرىستان ئەھلىگە سالام بېرىش، ئۇلار ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ئۆگەتكەن دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىش مۇستەھەب بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: ئۇ ئانىمىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: «ئەي ئاللاھنىڭ روسۇلى !قەبرىستانلىقتا كىرگەندە ئۇلار ئۈچۈن نېمە دەپ دۇئا قىلىمەن؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇلارغا: مۇئمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارى !سىلەرگە ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن، بىزدىن ئىلگىرى كەتكەنلەرگە ۋە كېيىن كەتكەنلەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئاللاھ خالىسا بىز سىلەرگە قېتىلىمىز دەپ دۇئا قىلغىن دېگەن». [مۇسلىم رىۋايىتى974-ھەدىس].

بۇرەيدە بىن ھەسىيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا قەبرىستانلىققا چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئالارنى تەلىم بېرەتتى، ئۇلاردىن بىرى قەبرىستانلىققا چىققاندا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: مۇئمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارى! سىلەرگە ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن، ئاللاھ خالىسا بىز سىلەرگە قېتىلىمىز. ئاللاھدىن بىزگە ۋە

سىلەرگە ئاپىيەت تىلەيمىز». [مۇسلىم رىۋايىتى975–ھەدىس].

ئەمما ساھابىلارنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلار ئۈچۈن دېيىلىدىغان ئايرىم بىر دۇئا يوق، ئۇلارغىمۇ يۇقىرىدا ئوقۇغان دۇئانى ئوقۇيمىز.

ئەمما پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئىككى ساھبىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا، ساھابىلاردىن كەلگەن رىۋايەتتە: "سالام" سۆزى بايان قىلىنغان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ قەبرە زىيارەت قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ: « سالام سىزگە ئەي ئاللاھنىڭ روسۇلى!، سالام سىزگە ئەي ئەبۇبەكرى!، سالام سىزگە ئەي ئاتا !دەپ ئۆتۈپ كېتەتتى». [ بۇ ئەسەرنى هاپىز ئىبنى ھەجەر سەھىھ دېگەن.]

بەزى ئۆلىمالار بۇنىڭغا قېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي ئاللاھنىڭ خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشىسى!  سىزگە سالام، ئەي پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى!  سىزگە سالام! مەن شاھىتلىق بېرىمەنكى، سىز ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى يەتكۈزدىڭىز».  [ئىمام نەۋەۋىينىڭ" ئەل ئەزكار" ناملىق ئەسىرى -174 بەت" .ئەلمۇغنى- 5 "توم- 466 بەت.]

تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ" :قەبرە زىيارەت قىلغۇچى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇزۇن دۇئالارنىڭ ھەممىسىنى دېيە ياخشى ئەگەر بولمىغاندا ھەدىستە كەلگىنىنى دېيە ياخشى بولىدۇ."

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ "ھەج-ئۆمرە پائالىيەتلىرى "ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ" :زىيارەتچى مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىدە نامازنى ئادا قىلغاندىن كېيىن رەۋزىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىككى ساھبى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا سالام بېرىدۇ.

-1قىبلىگە كەينىنى قىلىپ، قەبرىگە ئالدىنى قىلىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مۇنداق" :ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى !سىلىگە ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن دەيدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا مۇناسىپ سۆزلەرنى زىيادە قىلسا بولىدۇ مەسىلەن: ئەي ئاللاھنىڭ دوستى، ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى تولۇق يەتكۈزگۈچى!  ئاللاھنىڭ خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشىسى!  ساڭا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن!  سېنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىڭگە، ئامانەتنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىڭغا، ئۇممەتكە نەسىھەت قىلغانلىقىڭغا ۋە ئاللاھ يولىدا ھەقىقى جىھاد قىلغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن "دېيە بولىدۇ، ئەمما ئاۋۋالقى سۆز بىلەن توختىسا ياخشى بولىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ قەبرە زىيارەت قىلغاندا: «سالام سىزگە ئەي ئاللاھنىڭ روسۇلى!، سالام سىزگە ئەي ئەبۇبەكرى!، سالام سىزگە ئەي ئاتا !دەپ ئۆتۈپ كېتەتتى».

2–ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىدا بولۇش ئۈچۈن ئوڭ تەرەپكە ئىككى قەدەم ماڭىدۇ، ئاندىن مۇنداق دەيدۇ" :ئەي ئەبۇ بەكرى ساڭا سالام بولسۇن،!  ئەي پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىگە قويغان خەلىپىسى! ساڭا سالام بولسۇن!، ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇممىتىدىن ياخشى مۇكاپات بەرسۇن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىدا بولۇش ئۈچۈن ئوڭ تەرەپكە ئىككى قەدەم ماڭىدۇ، ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: "ئەي ئۆمەر ساڭا سالام بولسۇن!  ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ساڭا سالام بولسۇن!، ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىدىن ياخشى مۇكاپات بەرسۇن.

زىيارەت قىلغۇچىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىككى ساھىبىغا بېرىدىغان سالامى ئەدەپ بىلەن ۋە پەس ئاۋاز بىلەن بولىدۇ، مەسچىتتە ئاۋازنى كۆتۈرۈش بولۇپمۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە ۋە قەبرىسىنىڭ يېنىدا ئاۋاز كۆتۈرۈش چەكلىنىدۇ"] ."ھەج-ئۆمرە پائالىيەتلىرى ۋە زىيارەتنىڭ يوللىرى- 108 - 107  "بەتلەر].

زىيارەت قىلغۇچىنىڭ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغاندا:  سىلەرگە سالام بولسۇن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا: ئەي ئاللاھنىڭ روسۇلى! ساڭا سالام بولسۇن!  دېگەن سۆزلىرى شېرىك بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆلۈكلەر ئۈچۈن قىلىنغان دۇئا ئەمەس ۋە ئۇلاردىن ياردەم تىلەشمۇ ئەمەس، ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھدىن ئۇلارغا بەندە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇچرايدىغان قەبرە ئازابى، تىرىلىش، ھېساب ۋە ئاخىرەتنىڭ قورقۇنچلىرىدىن سالامەت قىلىشنى تىلەشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالادىن دۇنيا-ئاخىرەت ھەممەيلەننى سالامەت قىلىشنى سورايمىز.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

"زادەل مۇستەنقىئ- 5 "توم- 473بەت. دوكتۇر يۈسۈپ ۋابىلنىڭ "قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى- 337  "بەت.